# ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىلقى مۇسابىقىدە، جەمئىي 16 كىشى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ھەم غەلىبە قىلىش مۇكاپاتى بويىچە باھالاپ چىقىلدى، بەلگىلىمە بويىچە، مۇسابىقىدە مۇكاپاتلانغان ماھىرلار نەچچە مىڭ يۈەندىن نەچچە ئون مىڭ يۈەنگىچە ئوخشاش بولمىغان مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى بۇلارلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ چېنىقىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى ئۆستى. مۇسابىقىدە، ئىگىلىك تىكلەش پېتەكچىسى كونكرېت ئىگىلىك تىكلەش تۈرىگە قارىتا، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە بىرمۇبىر يېتەكچىلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇسابىقە يەنە ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە مەبلەغ سېلىش، يۈرۈشتۈرۈشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش سۇپىسى ھازىرلاپ بېرىپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدىكى جەمئىيەت بايلىقىنى دىققەتنى ئىگىلىك تىكلەش تۈرلىرىگە ئاغدۇرۇشقا جەلپ قىلدى. بۇ يىلقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە، جەمئىي 22 ئىگىلىك تىكلەش تۈرى تۈرلۈك جەمئىيەت بايلىقى بىلەن ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلدى.

«ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى تۈرىمىزنىڭ ئۆزۈپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.» ئۈرۈمچى جيۇيى مېڭيۈن سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جوۋ چاڭدو مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۈلتۈر، شىركىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تۈرى بولغان «1000 رايوندا 10 مىڭ دۇكان 100 مېتىردا پارچە سېتىش تۈرى» ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ھەم مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ـ شاڭخەي پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىق بازىسىغا ماكانلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئىجارىسى كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىندى، ئالاقىدار تارماقلار يەنە ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تۈرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، شىركەت ئۈرۈمچى شەھىرىدە 110 نەچچە دۇكان ئېچىپ، 200 نەچچە كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. «بىز ئۈچ يىل ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 500 دۇكان ئېچىشنى ھەم تەدرىجىي باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە كېڭەيتىشنى پىلانلىدۇق» دېدى جوۋ چاڭدو.

بۇ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغان 73 تۈر ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىلدۈرۈش بازىسىغا ماكانلاشتى، شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى مەيدان ئىجارىسىنى كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ھەم ياردەم ئۆسۈم قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش يۆلەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى ئىتتىپاقى يەنە مۇكاپاتلانغان ماھىرلارنى سىياسەتتىن مەسلىھەت بېرىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، تور ئېچىش، خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاش، تىجارەت باشلاشقا يېتەكچىلىك قىلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى ۋە ئىز قوغلاپ يۆلەش قاتارلىق ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەتلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ.

ياخشى ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى، ئاكتىپ ئىگىلىك تىكلەش يۆلەش سىياسىتى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈنۈم ئېففېكتى ۋە جەمئىيەت ئۈنۈم ئېففېكتى ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېڭىدىن 58 مىڭ 600 كىشى ئىگىلىك تىكلەپ، 115 مىڭ 100 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان، پۈتۈن يىلدا يېڭىدىن 30 مىڭ كىشى ئىگىلىك تىكلەش نىشان ـ ۋەزىپىسى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

# ئاپتونوم رايونىمىز ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خۇاشىڭ شىنداغا ئوخشاش شىنجاڭ يۇمشاق ماتېرىيال باغچە رايونىغا ماكانلاشقان %90 كارخانىنىڭ ھەممىسى يۇمشاق ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر كەسپى بىلەن شۇغۇللانىدۇ. «بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانىلار، يەنە كېدا شۈنفېي، خۇاۋېي قاتارلىق مەملىكەتكە داڭلىق ئون نەچچە كارخانا بۇ يەردە ماكانلاشتى، ھەر يىلى يەنە يېڭىدىن رويخەتكە ئالدۇرۇۋاتقان كارخانىمۇ 30دىن ئارتۇق بولۇۋاتىدۇ.» دېڭ تىڭخېي مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلى باغچە رايوندىكى كارخانىلار ياراتقان تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 670 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2017 ـ يىلدىكىدىن %23 ئاشتى.

قاراماي شەھىرى 2010 ـ يىلىلا ئۇچۇر كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. قاراماي بۇلۇت ھېسابلاش سانلىق مەلۇمات مەركىزى قۇرۇش جەھەتتە بىر يۈرۈش ئەۋزەللىككە ئىگە بولغانلىقتىن، قاراماي ئۇچۇر كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دىققەتنى بۇلۇت ھېسابلاش كەسپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قاراماي شەھىرى بۇلۇت ھېسابلاش كەسپلەر باغچە رايونىنى قۇردى. باغچە رايوندا خۇاۋېي بۇلۇت مۇلازىمىتى سانلىق مەلۇمات مەركىزى، جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش (شىنجاڭ) سانلىق مەلۇمات مەركىزى، جۇڭگو نېفىت سانلىق مەلۇمات مەركىزى (قاراماي)، شىنجاڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات مەركەزلىرى تۈرى پۈتتى ھەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، لايىھەدىكى كۆلىمى 20 مىڭ ئاپپارات ئىشكاپى بولۇپ، پۈتكەن كۆلىمى 9000 ئاپپارات ئىشكاپىغا يېتىپ، غەربىي شىمال بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەت ۋە رايونلارنى بۇلۇت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ياسىمىچىلىقى، يۇمشاق ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇلازىمەت كەسپى، ئۇچۇر ئالاقىسى كەسپىنىڭ كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم 30 مىليارد يۈەن، 16 مىليارد يۈەن، 22 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئۇچۇر كەسپىنىڭ تېز تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپلەر يېڭى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايوندا «ئۈچ بازا، ئۈچ يول، بەش چوڭ مەركەز، ئون چوڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپلىرى توپلانما رايونى» قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلەتتى.

# تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ تۈپ كاپالىتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ تەھدىتى يەر شارىۋى مەسىلە بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى. ھاياتلىق بىخەتەرلىكى ئەڭ تۈپ كىشىلىك ھوقۇق، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرمىغاندا كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى دېلوسىدا، نەچچە مىليون پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلدى ياكى سەرگەردان بولدى، نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان مەدەنىي مىراسلار بىراقلا ۋەيران بولدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى، تېررورىزم كۈچلىرى، ئەسەبىزم كۈچلىرى ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلققە ئىنتايىن زور ئازاب ئېلىپ كەلدى.

نۇرغۇن دۆلەت تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قاتتىق تەدبىر قوللانغانغا ئوخشاش، شىنجاڭ پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان، ئامىۋى بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دۆلەتنى پارچىلايدىغان بارلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى، بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

بارغانسېرى كۆپلىگەن دۆلەت ھەربىي ۋاسىتە بىلەن زەربە بېرىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرغاندىلا ئاندىن تېررورىزمنىڭ يامراش شارائىتىنى تۈپتىن تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشتىن قول سېلىپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى. مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرى سۈپىتىدە، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تېررورىزم جىنايىتىنىڭ گىرداۋىغا بېرىپ قالغان زور بىر تۈركۈم كىشىنى قۇتقۇزۇۋېلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. بۇ ئۇسۇل «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ھەم بىر قاتار خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن.

بۈلتۈر يىل ئاخىرىدىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ھەمدە كۆپ دۆلەتتىكى پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلات، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلاردىن بولۇپ 1000غا يېقىن كىشى 40 نەچچە تۈركۈمدە شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق تونۇشى شۇكى، شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، تولىمۇ ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايدىغان ياكى ئۇنىڭغا يالغۇز تاقابىل تۇرالايدىغان بىرمۇ دۆلەت ۋە رايون يوق. بىر مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر ئوچۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، سىغدۇرۇشچان پوزىتسىيە بىلەن قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، كىشىلىك ھوقۇق بىلەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى، شۇنداقلا تېخىمۇ كۆپ دۆلەت بىلەن ئىدىيەۋى قاراش، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سىياسىي تۈزۈلمىدىكى توسۇقنى بۆسۈپ تاشلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېررورىزمغا، ئەسەبىزمگە قارشى تۇرىدىغان ئورتاق تونۇش ۋە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشنى قارشى ئالىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇسابىقىنىڭ سەككىز تۈرىگە قاتنىشىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر قىسىم تۈرلەر ئەسلىدىنلا ئۆزئارا ياردەم بېرىش ـ ھەمدەم بولۇشتەك كوللېكتىپچىلىق روھقا ئىگە، مەسىلەن، مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى، بۇقچىلاپ ئارغان تارتىشىش، چامباشچىلىق قاتارلىق تۈرلەر. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دوستانە ئۆتۈش ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان 34 ۋەكىللەر ئۆمىكى، 56 مىللەتتىن تەخمىنەن 7000 تەنھەرىكەتچى 17 مۇسابىقە تۈرى، 194 ماھارەت كۆرسىتىش تۈرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان خېنەن مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ 18 كوماندا ئەزاسى ئىچىدە ئون كىشى شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق ياكى خۇيزۇ ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جېڭجوۋ شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار. ئۇيغۇر تەنھەرىكەتچى ئىپارقىز ئەمەر مۇنداق دېدى: «مىللىيچە ساغلاملىق گىمناستىكىسى ھەرىكىتىگە نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئامىلى سىڭدۈرۈلگەن، مەن خېنەن كوماندىسىغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھايات ۋاقتىدا كۆپ قېتىم جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو ـ زىمبابۋې، جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقى، ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قالتىس تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ ۋاپاتى زىمبابۋې خەلقىگە نىسبەتەن غايەت زور يوقىتىش، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقى بىر قەدىرناس دوستى، ياخشى دوستىدىن ئايرىلدى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بىلەن زىمبابۋېنىڭ قېرىنداشلارچە ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى قەدىرلەيدۇ، زىمبابۋې ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن زىمبابۋېنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

# ئالىيجاناب پەزىلەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۈكسىلىش، ياخشىلىققا ئىنتىلىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى پۈتكۈل جەمئىيەتكە يېقىملىق، قەدىرلىك، ئىشەنچلىك، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئەخلاق ئۆلچەم بايرىقى تىكلەپ بەردى. بىز ھەم ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تىپلاردىن بولۇشتەك ھەقىقىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئامما ئۈچۈن بايراق تىكلەيمىز، ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىمىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنى تەسىرلەندۈرىمىز ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىمىز» دېدى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى جاۋبىسەن يېزىسى پىڭدىڭسەن كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جىڭ ۋېنجيې.

### ■ ئۈلگىنىڭ كۈچىنى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لياۋ يۈنجيەن مۇنداق بىلدۈردى: پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تەزكىرە سىستېمىسى ۋە كەڭ تەزكىرە خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، يەرلىك تەزكىرىنىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىزلىرىنى سادىقلىق بىلەن خاتىرىلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىش، ئاقىللارنى، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەشكە يېتەكلەيمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاتۇش شەھىرى قاراجول يېزىسى ئوتتۇرا قاراجول كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جاۋ يۈنخې مۇنداق دېدى: ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنىمىزغا قويۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ھەر مىللەت ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، جان ـ دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار، پىيونېرلار ئارىسىدا ھەممە كىشى ياخشى كىشىلەردىن ئۆگىنىدىغان، ھەممە كىشى ياخشى كىشىلەردىن بولىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى لى جياڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى «مەن ۋەتەن بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلەيمەن ـــ دۆلەت بايرىقى ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەش» ئالاھىدە باش تېمىلىق ئىتتىپاق كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېقىملىق، ئىشەنچلىك، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئۈلگىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى يۈكسىلىدىغان، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان روشەن قىممەت يۆنىلىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەۋاتىدۇ.

### ■ ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شىڭ شياۋلىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇچۇڭ ناھىيەسى «ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى» «ئەڭ گۈزەل شەخسلەر» «ئەتراپىمىزدىكى ياخشى كىشىلەر»دىن ئۆگىنىش، ئۇلارنى باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيەدە ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە ئەتراپىمىزدىكى ياخشى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان، ئۇلاردەك بولۇشقا تىرىشىدىغان كەيپىياتنى بارغانسېرى قويۇقلاشتۇردى. بۇنىڭدىن كېيىن گۇچۇڭ ناھىيەسى باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆگىنىش، باھالاش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، مەدەنىي يېڭى كەيپىياتنى شەھەر ـ يېزىلارغا تارقىتىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى شۈ جىفېن مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارباغاتاي ۋىلايىتى تۈرلۈك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار تىپلارنى پائال باھالاپ، تىكلەپ، خىزمەتتە قاتنىشىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، تارباغاتاي باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار تىپ، شەخسلەرنى باھالاپ تىكلەش ۋە تەشۋىق قىلىشنى دائىملىق ياخشى ئىشلەپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

**(مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، شۇ چىڭگۇاڭ، يۈەن لىي، ياڭ شۇخەن، مېھرىگۈل ناسىر، مېھرىگۈل غوپۇر يازغان)**